# 12523 ـ كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ شەرتلىرى

**سۇئال**

ئەگەر ئەر كىشى كۆپ ئايالىق بولۇش شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە قۇدرىتى يەتسە، ئۇنىڭ شەرتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارچە مەدھىيەلەر ئالالاھقا خاستۇر.

ئىسلام دىنىدا كۆپ ئايالىق بولۇشنىڭ بىرقانچە شەرتلىرى بار :

1- ماددى، جىسمانى تەرەپتىن قۇدرىتى يېتىشى.

2- ئايالىرى ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلىدە بولىشى .

كۆپ ئايالىق بولۇش ئارقىلىق ئولتۇرۇپ قالغان قىز-خانىملارنى يامان يولدىن ساقلاپ قىلىشقا پايدىسى بار، ئۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە دائىرە كېڭىيىدۇ، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش پۇرسىتى يارىتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىستىلى جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا تۆرتكۆلۈك رول ئوينايدۇ. (ئەمما بۇ ھۆكۈم ھەر بىر شەخسنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە شارائىتىغا قاراپ بەزىلەر ھەققىدە ئەمەل قىلىنىشى تەرغىب قىلىنسا، بەزىلەر ھەققىدە چەكلىنىشى ياخشى دەپ قارىلىدۇ.- م-)

بۇ توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر سىلەر مېھرىبان، تۇغۇمچان، تۇغۇشقا قادىر بولالايدىغان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ پايدىلىرى كۆپتۇر.

ئەمما كۆپ ئايالىق بولۇش ئارقىلىق باشقىلار ئالدىدا پەخىرلىنىش، بەسلىشىش، پالانچى قوش نىكاھلىق دېيىلىش ئۈچۈن نىكاھلانسا، بۇ ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن نىكاھ بولۇپ ئىسراپ قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن : ئىسراپ قىلماڭلار ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

پەزىلەتلىك شەيخ بىن ئۇسەيمىيىننىڭ "پەتىۋا ئىسلامىيە" ناملىق ئەسىرى 3-توم 205بەتكە قارالسۇن.